ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، مەڭگۈ پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، بۇ تۇەن «359 ـ لۈنىڭ پېشقەدەم ئەسكەرلىرىنى ئىزدەش» پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 359 ـ لۈنىڭ تېخىمۇ كۆپ پېشقەدەم ئەسكىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارنىڭ ھېكايىلىرىنى تۇەن تارىخىغا كىرگۈزۈپ، ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ روھىدىن تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشنى ئۈمىد قىلدى.

«ئارىدىن بەك ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەچكە، كونا قىسىمدىكى ناھايىتى كۆپ كىشىنى ئېنىق ئەسلىيەلمەيمەن، لېكىن، مېنىڭ پارتىيەگە كىرىش تونۇشتۇرغۇچىمنىڭ لېيەندۈيىنىڭ جىداۋيۈەنى شياۋ يوۋئېبىن ئىكەنلىكى باشتىن ـ ئاخىر ئېسىمدە، ھايات چېغىمدا ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشەلىسەم ياخشى بولاتتى» دېدى جاك فۇچىڭ ۋاڭ يىڭتاۋغا.

ئۇرۇش يىللىرىدا، جاك فۇچىڭ ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان ھەم قاماپ قويۇلۇپ پارچە ـ پۇرات ئىشلارنى قىلغان، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تۈرلۈك زوراۋانلىقلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن.

1948 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ۋازىجىيې جىڭدە جاك فۇچىڭ «ئازاد قىلىنغان»، ئۇ ئۆيىگە قايتىشنى تاللىماي، ئەكسىچە تەشەببۇسكارلىق بىلەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىپ، غەربىي شىمال دالا ئارمىيەسى 359 ـ لۈ 718 ـ تۇەن 2 ـ يىڭ 6 ـ لىيەنىنىڭ جەڭچىسى بولغان. «مەن بۇرۇنلا ئازادلىق ئارمىيەنى بىلەتتىم، ئۇلار ئاممىنىڭ يىپ ـ يىڭنىسىنىمۇ ئالمايدۇ، ئاممىنىڭ نەرسىلىرىنى ئىشلەتسە چوقۇم ۋاقتىدا قايتۇرىدۇ، ئۇلار جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ، ئامما ئارىسىدا ئىنتايىن يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە. مېنىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتنىشىشتىكى مەقسىتىممۇ پۇقرالارنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى» دېدى جاك فۇچىڭ.

لېيەندۈيدە، جىداۋيۈەن شياۋ يوۋئېبىن دائىم جاك فۇچىڭغا ئاڭقىرالمىغان ئىشلارنى چۈشەندۈرەتتى، تۇرمۇشتا ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. «لېيەندۈي ھەر قېتىم ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا، جىداۋيۈەنگە ئوخشاش مۇشۇنداق كومپارتىيە ئەزالىرى ھەمىشە ئالدىدا ھۇجۇمغا ئۆتەتتى، ئۇلارنىڭ تەسىرىدە مەن باتۇرلۇق بىلەن تىرىشىپ زەربىدارلار ئەترىتىگە قاتناشتىم» دېدى جاك فۇچىڭ.

قوشۇنغا كىرگەن تۆت ئاي ۋاقىتتا، جاك فۇچىڭ نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇشنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈردى، ئۇ جەڭدە باتۇر بولۇپ، ھەر قېتىم دېگۈدەك جەڭگە قاتناشقاندا تەشەببۇسكارلىق بىلەن زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى، شۇڭا نۇرغۇن تۆھپە ياراتقانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جاك فۇچىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن پارتىيە تەشكىلىگە يېقىنلىشىپ، كېيىن شياۋ يوۋئېبىننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىردى.

«64 يىل ئۆتۈپ كەتتى، مەن شياۋ جىداۋيۈەننى يەنىلا ئەسكە ئالالايمەن، ئۇ مېنىڭ ئىنقىلابىي ھاياتىمدىكى يول باشلىغۇچىم. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈم بار، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بىر پارچە سۈرىتىنى كۆرسەممۇ بولاتتى» دېدى جاك فۇچىڭ.

■ «ئۇنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ ئاشۇ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللارنى ئېسىگە ئالالىشىنى ئۈمىد قىلىمەن»

جاك فۇچىڭنىڭ پارتىيەگە كىرىش تونۇشتۇرغۇچىسى شياۋ يوۋئېبىننى ئىزدەپ چىقارمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ۋاڭ يىڭتاۋنىڭ كۆڭلىدە بىر ئوي پەيدا بولدى، ئۇ شياۋ يوۋئېبىننى ياكى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى تېپىپ، جاك فۇچىڭنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى.

ۋاڭ يىڭتاۋ دەرھال قىسىم بىلەن ئالاقىلىشىپ، كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە تۇەن تارىخىدىن شياۋ يوۋئېبىننىڭ ئۇچۇرىنى ئىزدەپ تاپقۇزدى.

تۇەن تارىخىدا خاتىرىلىنىشىچە، شياۋ يوۋئېبىن سابىق 718 ـ تۇەن 2 ـ يىڭ 6 ـ لىيەنىنىڭ جىداۋيۈەنى بولۇپ، 1955 ـ يىلى شۇ جايدا كەسىپ ئالماشتۇرۇپ بىڭتۇەن 1 ـ شىسىدا خىزمەت قىلغان ئىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن شياۋ يوۋئېبىن توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرە يوق ئىدى.

ۋاڭ يىڭتاۋ ئۈندىدار دوستلار چەمبىرىكىدە شياۋ يوۋئېبىننى ئىزدەش ئۇچۇرى ئېلان قىلدى. 359 ـ لۈ روھى كېسەللەر تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى رېن شىنئۇك ئۇچۇرنى كۆرگەندىن كېيىن ۋاڭ يىڭتاۋغا شياۋ يوۋئېبىننىڭ ئىلگىرى تارىم داشۆسىدە خىزمەت قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

كوماندىر ـ جەڭچىلەر دەرھال تارىم داشۆسىنىڭ ئارخىپخانىسىغا بېرىپ ئىزدىدى. نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارنىڭ تېپىلىشىغا ئەگىشىپ، شياۋ يوۋئېبىننىڭ ئۇچۇرى بارغانسېرى ئېنىق بولدى، لېكىن ئۇنىڭ ھازىر قەيەردىلىكىنى بىلگىلى بولمىدى.

كوماندىر ـ جەڭچىلەر قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، بىر جەڭچى ۋاڭ يىڭتاۋغا تېلېفون بېرىپ، شياۋ يوۋئېبىننىڭ ئۆزىنىڭ تۇغقىنى ئىكەنلىكىنى، نەچچە يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قىزى شياۋ جىننىڭ ئاقسۇ شەھىرىدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ۋاڭ يىڭتاۋ دەرھال شياۋ جىننىڭ ئۆيىگە ئۇنى زىيارەت قىلغىلى باردى.

شياۋ جىننىڭ ئۆيىدە بىر ئالبوم ساقلانغان بولۇپ، ئالبومدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياش ۋاقتىدا ھەربىي فورما كىيىپ چۈشكەن سۈرىتى بار ئىدى، سۈرەت سارغىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.

پاراڭلىشىش داۋامىدا، ۋاڭ يىڭتاۋ جاك فۇچىڭنىڭ ئارزۇسىنى ئېيتتى: «پارتىيەگە كىرىش تونۇشتۇرغۇچىم بىلەن كۆرۈشكۈم بار، پارتىيە تەشكىلىنىڭ تەربىيەلىگەنلىكىگە رەھمەت».

«شۇنچە كۆپ يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، جاك فۇچىڭ دادامنىڭ ئۆزىنىڭ پارتىيەگە كىرىش تونۇشتۇرغۇچىسى ئىكەنلىكىنى يەنىلا ئەستىن چىقارماپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئۆمۈر مۇستەھكەم ئىشەنچ بىلەن پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭغان مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى. ئۇنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ ئاشۇ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللارنى ئېسىگە ئالالىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى شياۋ جىن.

كوماندىر ـ جەڭچىلەر لەيفېڭ ناھىيەسىگە كېلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، شياۋ جىن ئەستايىدىللىق بىلەن بىر قەغەز كونۋېرت ياساپ، دادىسى شياۋ يوۋئېبىننىڭ سۈرىتىنى سىيلىپ، يۈزىگە: «جاك فۇچىڭ تاغا، مەن دادامنىڭ سۈرىتىنى سىزگە ھەدىيە قىلىمەن، سىزنىڭ تېنىڭىزنىڭ سالامەت، ئۆمرىڭىزنىڭ ئۇزاق، ئائىلىڭىزنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن!» دەپ يازدى.

■ «مەڭگۈ قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىمەن»

6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ۋاڭ يىڭتاۋ شياۋ يوۋئېبىننىڭ سۈرىتىنى رەسمىي يوسۇندا جاك فۇچىڭنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

جاك فۇچىڭ قىسىمدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ لەيفېڭ ناھىيەسىگە كېلىپ خىزمەت قىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ شياۋ يوۋئېبىننى كۆرۈپ باقمىغانىدى. كونا سەپدىشىنىڭ سۈرىتىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇ سۈرەتتىكى بۇ ياشنىڭ شياۋ يوۋئېبىن ئىكەنلىكىنى تونۇيالمىدى. ئوغلى جاك جيەنچۈەن ئۇنىڭ قولىنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: «بۇ شياۋ يوۋئېبىن، سىزنىڭ جىداۋيۈەنىڭىز، سىزنىڭ پارتىيەگە كىرىش تونۇشتۇرغۇچىڭىز، ئۇ ۋاپات بوپتۇ».

جاك فۇچىڭ بىر ئاز ئىككىلىنىپ قالغاندىن كېيىن، كۆزىگە ئىختىيارسىز ھالدا ياش ئالدى.

«مەن ئۇنىڭ كونا قىسىمدىكى خېلى كۆپ كىشىنى ئەسلىيەلمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن، بىراق ئۇ پارتىيەگە كىرىش تونۇشتۇرغۇچىسىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلىدى» دېدى جاك جيەنچۈەن.

ئازادلىق ئۇرۇشىدا، جاك فۇچىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شەرەپ بىلەن غەربىي شىمال دالا ئارمىيەسى بويىچە بىر قېتىم ئالاھىدە دەرىجىلىك خىزمەت، جۈن بويىچە بىر قېتىم 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت، شى بويىچە بىر قېتىم 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت، بىر قېتىم 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت، تۇەن بويىچە بىر قېتىم 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن ھەم جۈن بويىچە كۆرەش قەھرىمانى نامىغا ۋە شى بويىچە كۆرەش قەھرىمانى نامىغا ئېرىشكەن، 1950 ـ يىلى غەربىي شىمال ھەربىي ـ مەمۇرىي كومىتېتى تارقاتقان خەلق تۆھپىكارى ئوردېنىغا ئېرىشكەن.

1954 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، جاك فۇچىڭ مەدەنىيەت تېز پۈتكۈزۈش مەكتىپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، كۆپ خىل تاللاش يولى بار ئىدى: چوڭ شەھەرلەردە قالسا ياكى يۇرتى شەنشىگە قايتىپ كەتسە بولاتتى، تەشكىل ئۇنى ئىزدەپ سۆزلەشكەندە، ئۇ پارتىيەنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، غەربىي خۇبېينىڭ تاغلىق رايونىدىكى ئەڭ چەت، ئەڭ نامرات بولغان لەيفېڭ ناھىيەسىگە بېرىشنى قارار قىلدى. شۇ ئىشلىگەنچە بىر ئۆمۈر ئىشلەپ، يۇرتىغا قايتىپ باقمىدى ھەم كونا سەپداشلىرىنى يوقلاشقا پۇرسەت بولمىدى.

«مەن كومپارتىيە ئەزاسى، پارتىيە مېنى نېمە ئىش قىل دېسە مەن شۇنى قىلىمەن، جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈشتىنمۇ قورقمايمەن، جاپادىن قورقۇپ نېمە كەپتۇ!» شۇ يىللاردىكى قارارنى تىلغا ئالغاندا، جاك فۇچىڭنىڭ تاكى بۈگۈنگىچە پوزىتسىيەسى يەنىلا قەتئىي ئىدى.

لەيفېڭ ناھىيەسىدە خىزمەت قىلغاندا، جاك فۇچىڭ باشتىن ـ ئاخىر ھەربىيچە قىياپىتىنى ساقلاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن شارائىتى ئەڭ جاپالىق، ئەڭ نامرات تاغلىق رايونغا بېرىپ خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى، جاك فۇچىڭ يىل بويى شۇ جايدىكى كەنت ئاھالىلىرىنى باشلاپ يول ياسىدى.

جاك فۇچىڭ مۇنداق دېدى: «قەلبىم قانائەت ۋە مىننەتدارلىققا تولدى. ئۇرۇش يىللىرىدا، سەپداشلىرىم بىر ـ بىرلەپ قۇربان بولدى، ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، مەن بەختلىك. مەن ئەينى يىلدىكى پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۆمۈر بويى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، مەڭگۈ قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىمەن».

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

ۋاڭ كۈن: دېڭىز ئاسمىنىدا كارامەتنى كۆرسىتىش

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، فۇجوۋ، 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى يۈن) 1958 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك خەلق ھال سوراش ئۆمىكى فۇجيەن ئالدىنقى سېپىگە كەلگەندە، ئاتاقلىق جىڭجۇ تىياتىرى سەنئەتكارى مېي لەنفاڭ ئەپەندى ئايرودرومغا كېلىپ، دېڭىز ئارمىيەسى ئاۋىياتسىيە قىسمىدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە ئويۇن قويۇپ بەرگەن. ئۇرۇش قەھرىمانى ۋاڭ كۈن ئۈن ـ تىنسىز ھالدا جەڭ نۆۋەتچىلىكى ئورنىغا بېرىپ، ئويۇن كۆرۈش پۇرسىتىنى باشقا يولداشلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن.

دەل شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11دىن 6 مىنۇت ئۆتكەندە، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئايروپىلانى تاجاۋۇز قىلغان، جەڭ نۆۋەتچىلىكى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ۋاڭ كۈن ئۈچ سەپدىشىنى باشلاپ جىددىي ئۇچۇپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغان. ئايروپىلان 10 مىڭ 500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بوشلۇققا چىققاندا، ۋاڭ كۈننىڭ ئايروپىلانى تۇيۇقسىز كونتروللۇقنى يوقىتىپ، يانتۇ تۆۋەنلەشكە باشلىغان.

يانداش ئايروپىلاندىكى تيەن خۇەيچۈن ۋاڭ كۈننى جىددىي چاقىرغان، ئەمما ۋاڭ كۈن ھەيدىگەن ئايروپىلاننىڭ بېشى سەل كۆتۈرۈلۈپلا يەنە شىددەت بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن.

تيەن خۇەيچۈن ئايروپىلاننى ھەيدەپ ۋاڭ كۈن ھەيدىگەن ئايروپىلاننىڭ يان تەرىپىگە كېلىپ، ۋاڭ كۈننىڭ ئۇچقۇچى بۆلمىسىدە ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى كۆرگەن.

تيەن خۇەيچۈن جىددىيلىشىپ دەرھال ئاۋازلىق چاقىرغۇدا: «ۋاڭ مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، ۋاڭ كۈن، ئايروپىلان رولىنى تارتىڭ، ئايروپىلان رولىنى تارتىڭ!» دەپ چاقىرغان.

يەر يۈزى قوماندانلىق ئىشتابىمۇ جىددىي چاقىرغان: «ۋاڭ كۈن، رولنى تارتىڭ، تارتىڭ!»

ئەمما، كۆپ يىللىق ئاشقازان ياردىسى كېسىلى بۇ قېتىملىق جىددىي ئۇچۇشتا تۇيۇقسىز قوزغالغان، قاتتىق ئاغرىق ۋاڭ كۈننى ھوشسىزلاندۇرغان بولۇپ، ئۇ قايتا ھوشىغا كەلمىگەن.

تۆۋەنلىمەكتە، تۆۋەنلىمەكتە، ئايروپىلان تېز سۈرئەتتە چۈشۈپ كېتىۋاتماقتا، سەپداشلىرى ئازابلىنىپ چاقىرماقتا. ئەمما ئەمدىلا 27 ياشقا كىرگەن ۋاڭ كۈن ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمايتتى، فۇجيەن پىڭتەن ناھىيەسىنىڭ ئېگىز تاغلىرى، قويۇق ئورمانلىرى ۋەتەنگە سادىق بۇ ئوغلاننى قوينىغا ئالدى!

ۋاڭ كۈن، جىلىن شۇلەندىن، 1931 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ھەربىي سەپكە قاتناشقان، 1948 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ئۇچقۇچى، جۇڭدۈيجاڭ، دادۈيجاڭ، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى ۋە دۆلەت زېمىنى ھاۋا مۇداپىئە ئۇرۇشىدا دۈشمەننىڭ ئۈچ ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرگەن، ئىككى ئايروپىلانىنى ئېتىپ زەخىملەندۈرگەن، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك جەڭچى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن، شەرەپ بىلەن ئىككى قېتىم 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، كۆپ قېتىم 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن.

1950 ـ يىلى، ئۇرۇش ئوتى يالۇجياڭ دەرياسى بويىغا تۇتاشقان. پەقەت 80 نەچچە سائەتلا ئۇچۇپ باققان، 15 ـ MG تىپلىق رېئاكتىپ كۈرەشچى ئايروپىلانىنى ھەيدىگىنىگە پەقەت 20 سائەتلا بولغان ۋاڭ كۈن جۇڭگو خەلق پىدائىيلار قىسمىغا قاتناشقان.

1952 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سەھەردە، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ زور تۈركۈمدىكى ئايروپىلانلىرى جۇڭگو چېگراسىدىكى يالۇجياڭ دەرياسىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغان. جۇڭگو خەلق پىدائىيلار قىسمىنىڭ بىر ئۇچۇش دادۈيى ئۇچۇپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغان، دۈشمەن ئايروپىلانى قېچىپ كەتكەن. دادۈي قايتىپ تېيىشەن يېرىم ئارىلى ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقاندا، ئۇچقۇچى ۋاڭ كۈن يەر يۈزى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ: «سول تەرەپ ئالدىڭىزدا ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ F-86 تىپلىق تۆت ئايروپىلانى بايقالدى» دېگەن ئۇقتۇرۇشىنى ئاڭلىغان.

ۋاڭ كۈن شىددەت بىلەن ئۇچۇپ، 300 مېتىر ئارىلىق قالغاندا، ئېتىش نۇر ھالقىسى دۈشمەن ئايروپىلانىنىڭ ئۈستىگە تولۇق چۈشكەندە، زەمبىرەك كۇنۇپكىسىنى كۈچەپ باسقان، ئۈچ زەمبىرەك تەڭلا ئېتىلغان، ئۇدا ئىككى قېتىم ئېتىشتىن كېيىن، زەمبىرەك ئوقى ئاۋۋال ئەڭ ئالدىدىكى بىر دۈشمەن ئايروپىلانىغا تەگكەن. ۋاڭ كۈن بۇلۇڭ گىرادۇسىنى تەڭشىۋېلىپ، 2 ـ دۈشمەن ئايروپىلانىنى ئاتقان، ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، دۈشمەن ئايروپىلانى قارا ئىس چىقىرىپ، قىيسىيىپ موللاق ئېتىپ قاچقان.

دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان كۈرەشچى ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرگەن، ئېتىپ زەخىملەندۈرگەن، «دېڭىز ئارمىيەسى ئاۋىياتسىيە قىسمىنىڭ شۇڭقار تۇەنى»نىڭ ھاۋا ئۇرۇشى خاتىرىسىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقان ۋاڭ كۈننى جۇڭگو ـ چاۋشيەن بىرلەشمە ھاۋا ئارمىيەسى سىلىڭبۇسى، سىياسىي بۆلۈمى 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئالغان، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا 2 ـ دەرىجىلىك جەڭچى شەرەپ ئوردېنى بەرگەن.

چاۋشيەن ئۇرۇشى توختىغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئارمىيەسى دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويىغا كۆپ قېتىم ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغان. بۇ چاغدا ۋاڭ كۈن قىسىم بىلەن بىللە دېڭىز ئارمىيەسى ئاۋىياتسىيە قىسمىغا ئالمىشىپ، شەرقىي جېجياڭغا ئورۇنلىشىپ، گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيەسى بىلەن دېڭىزدا ھاۋا بوشلۇقىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى ئېلىپ بارغان. فۇجيەن ئالدىنقى سېپىدىكى بىر قېتىملىق ھاۋا ئۇرۇشىدا، ئۇ بىر جۇڭدۈينىڭ جىددىي ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈشىگە قوماندانلىق قىلىپ، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ F-86 تىپلىق ئىككى ئايروپىلانىنى بىر قېتىمدىلا ئېتىپ زەخىملەندۈرۈپ، دۈشمەننىڭ دېڭىز ئارمىيە ئاۋىياتسىيە قىسمىمىز مۇقىم پۇت تىرەپ تۇرۇشتىن بۇرۇن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلغان.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىككى قېتىم «ئۇرۇش قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ئىللىق تۇپراقتا، جاك فۇچىڭنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلىغان قەھرىمانلىق ئىزلىرى قالغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار جاك فۇچىڭنى ئۈلگە قىلىپ، قەھرىماننىڭ ئىش ئىزلىرىدىن ئەسلىي مەقسەتنى ھېس قىلىپ، كۈچ ئېلىشى، ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى ئەسلىي مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، خىسلىتىنى ئۆزگەرتمىگەنلىكى، قىسىمدا يۇرتنى مۇھاپىزەت قىلىپ ۋەتەننى قوغدىغانلىقى، يەرلىككە بارغاندا خەلق ئۈچۈن بەخت ياراتقانلىقى، ئاددىي ـ ساددا، ساپ بولۇپ، نام ـ مەنپەئەت قوغلاشماي ئېسىل كىشىلىك ھايات سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىققانلىقىدىن ئۆگىنىشى كېرەك.

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، جاك فۇچىڭنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، پارتىيەگە سادىق بولىدىغان سىياسىي خىسلىتى ۋە نام ـ مەنپەئەت قوغلاشمايدىغان، دادىل ئۆزىنى بېغىشلايدىغان روھىي پەزىلىتىدىن ئۆگىنىش كېرەك. يۈكسەك ئېتىقادنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاش، ئاددىي ـ ساددىلىقى، ساپلىقنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاش، بۇ جاك فۇچىڭنىڭ ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلىغانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئۇرۇش ئوتى كۆككە يەتكەن جەڭ مەيدانىدا، جاك فۇچىڭ ئۇرۇش سېپىدە پارتىيەگە كىرگەن، شۇنىڭدىن كېيىنكى 70 نەچچە يىللىق ئۇزاق جەريانىدا، ئۇ كىشىلىك ھاياتىدا دۇچ كەلگەن نۇرغۇن تاللاشلاردا كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ مەنىۋى مەنزىلى ئۆلچەم قىلىنغان. جەڭ مەيدانىدا، ئۇ قۇربان بولۇشتىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ ئاجايىپ تۆھپە كۆرسەتكەن؛ جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلغاندا، ئۇ نام ـ تۆھپىسىنى چوڭقۇر يوشۇرۇپ، تاغلىق رايوندا يىلتىز تارتىپ، نامرات رايون ئۈچۈن ئۈن ـ تىنسىز ئۆزىنى بېغىشلىغان. مەيلى ئۇرۇش يىللىرىدىكى ھايات ـ ماماتلىق تاللاشتا بولسۇن ياكى تىنچلىق يىللىرىدىكى «كىچىك ئائىلە» بىلەن «چوڭ ئائىلە»نى تاللاشتا بولسۇن، جاك فۇچىڭ باشتىن ـ ئاخىر «پارتىيە قەيەرنى كۆرسەتسە، شۇ يەرگە ھۇجۇم قىلىش»نى ئىشقا ئاشۇرغان، باشتىن ـ ئاخىر ۋەتەن ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان جايدا جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ، تۆھپە قوشۇپ ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان، بۇ بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ يىللارنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈرۈپ تاۋلانغان، شۇنداقلا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرغان ئەسلىي مەقستى.

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، جاك فۇچىڭنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىشتەك ئەمەلىي ئىستىلى ۋە ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەشتەك ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن ئۆگىنىش كېرەك. ئەڭ ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن كۆتۈرۈپ، ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلىش، پاك ئادەم بولۇپ، پاكىز ئىش قىلىش جاك فۇچىڭ بىر ئۆمۈر ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بىزگە تىكلەپ بەرگەن ئۈلگىسى. ئازادلىق ئۇرۇشىدا، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن پوتەيىنى پارتلىتىشنى تەلەپ قىلىپ، «بىر پارچە باش تېرىسى سويۇلۇپ كەتكەن». بەزىلەر: سىز نېمىشقا ئۆلۈمدىن قورقمايسىز؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ تەمكىنلىك بىلەن: چىڭ ئېتىقاد بولسىلا، ئۆلۈمدىن قورقۇش كەتمەيدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن. 1955 ـ يىلى جاك فۇچىڭ ئارمىيەدىن چېكىنىپ كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى لەيفېڭ ناھىيەسىدە خىزمەت قىلىشنى تاللاپ، نامرات تاغلىق رايونغا بىر ئۆمۈر ئۆزىنى بېغىشلىغان. 60 نەچچە يىلدىن بۇيان، جاك فۇچىڭ مەقسەتلىك ھالدا تۆھپە ـ نەتىجىسىنى يوشۇرغان، پەرزەنتلىرىمۇ ئەھۋالنى بىلمىگەن. جاك فۇچىڭدىن ئۆگىنىشتە، ئۇنىڭ باشتىن ـ ئاخىر كوممۇنىستلارنىڭ قىممەت قارىشىنى ئاڭلىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەنلىكىدىن، كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي خىسلىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلىغانلىقىدىن ئۆگىنىش كېرەك.

نۇرغۇن كىشىلەر بەلكىم: جاك فۇچىڭدىكى قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنىڭ كېلىش مەنبەسى قەيەردە؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. جاۋابى مۇرەككەپ ئەمەس. چۈنكى ئۇ پارتىيە بايرىقى ئاستىدا «پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بارلىقىمنى قۇربان قىلىمەن» دېگەن ئەسلىي مەقستى ۋە قەسىمنى ئەزەلدىن ئۇنتۇمىغان، شۇنچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ئاددىي ـ ساددا، ساپ بولۇشتەك ئەسلىي مەقستىنى باشتىن ـ ئاخىر كۆڭلىدە چىڭ ساقلاپ كەلگەن.

كومپارتىيە ئەزاسى قانداق بولۇشى كېرەك؟ جاك فۇچىڭ بىزگە ئۆگىنىش ئۈلگىسى تىكلەپ بەردى. ئىلغار تىپلاردىن ئۆگىنىش «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇنى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار پېشقەدەم قەھرىمان جاك فۇچىڭنىڭ ۋۇجۇدىدىن مەنىۋى ئوزۇق ئېلىپ، «مەن بىر كومپارتىيە ئەزاسى، پارتىيە ئېھتىياجلىق بولغان ۋاقىتتا، قانچە جاپالىق ـ خەتەرلىك بولغانسېرى، شۇنچە ئالغا باسىمەن» دېگەن سۆزىدىن ئۇنىڭ ئەسلىي مەقستى ۋە خىسلىتىنى ھېس قىلىپ، «بۇ يەرنىڭ شارائىتى ناچار، كومپارتىيە ئەزالىرى كەلمىسە، كىم كېلىدۇ» دېگەن سۆزىدىن ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇش روھىنى چۈشىنىپ، «پارتىيە مېنى شۇنچە كۆپ يىل تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى، مەن خەلق ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرەلىسەم، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشسا، يەنە ھەرقانچە جاپا تارتسامۇ رازىمەن» دېگەن سۆزىدىن ئۇنىڭ ساپ قەلبىنى ھېس قىلىپ، ئىلغار ئىش ئىزلارنى ئۆگىنىشنى ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدىغان ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشى كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)